ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

# بىر قولدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش  بىر قولدا ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«يۇقۇم»غا قارشى جەڭ باشلانغاندىن بۇيان، تۈنخې پولىئېستېرنىڭ ئۈچ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، PBSA1، PBSA2 نىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 96 توننا ۋە 145 تونناغا يەتتى. ھازىر، شىركەت بىرىنچى قارارلىق يىلىغا 2×30 مىڭ توننا PBSA ئىشلەپچىقىرىش تۈرىنى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىغا يەتكۈزۈش، ئۈلچەمگە يەتكۈزۈشنى ياخشى قىلىش بىلەن بىللە، ئىككىنچى قارارلىق يىلىغا 240 مىڭ توننا تولۇق بىيولوگىيەلىك سۈسلاشتۇرۇلغان دېۋىرقاي ئىشلەپچىقىرىش تۈرىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلدىكى خىزمەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك قوزغاتتى. ئالدىنقى مەزگىلدىكى بازارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، لايىھەلىگۈچى تەرەپنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەت لايىھەسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىش ئاساسىدا، يېقىندا يىلىغا 240 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىش تۈرىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى مەبلەغ تەخمىنى چوتى ۋە ئىككىنچى قارار تۈرىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى ئومۇمىي گرافىك ئورۇنلاشتۇرۇشى قاتارلىق ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمەتلىرىنى تاماملىدى، كېيىنكى خىزمەتلەر تېزدىن ئالغا سىلجىتىلىۋاتىدۇ.

## مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش

2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سائەت 21دە، شىنجاڭ ناڭجياجيا يېمەكلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى جاڭ شۈن ئالى دىڭ ـ دىڭ تورى ئارقىلىق توردا ئىش بېجىرىپ، دەل ۋاقتىدا ئىشلەپچىقىرىش سىن يىغىنى ئاچتى.

شىركەتنىڭ يەكەن ناھىيەسى بەشكەنت بازىرى كۆكجاي كەنتىدىكى نان زاۋۇتىدا شۇ كۈنى 1500 نان ئىشلەپچىقىرىلدى ھەم ھەممىسى يېقىن ئەتراپتىكى يېزا ـ بازارلاردىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نۇقتىلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

«نان زاۋۇتى ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بىر كۈندە 1200دىن 1500گىچە نان ياققىلى بولىدىغان بولدى، بۇ نانلارنىڭ ھەممىسى يەكەن ناھىيەسىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە يەتكۈزۈلدى. بۈگۈن نان يەتكۈزۈۋاتقىنىمىزنىڭ ئۈچىنچى كۈنى» دېدى جاڭ شۈن. نان زاۋۇتىنىڭ خىزمەتچىلىرى ھەر كۈنى ئىش ئورنىغا چىقىشتىن بۇرۇن، ھەممىسى ئالدى بىلەن بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەتتى ھەم دېزىنفېكسىيە قىلدى. خىزمەت مەزگىلىدە، زاۋۇتتا بېكىتىلگەن يېمەكلىك تازىلىقى ئۆلچىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ مەشغۇلات قىلىندى.

يېقىندا، شىنجاڭ شىنيې دۆلەت مۈلكى تىجارىتى (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قارمىقىدىكى بالا شىركەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بارلىق خىزمەت رايونى، ئاشخانا قاتارلىق رايونلارنى ھەر كۈنى تازىلاپ، دېزىنفېكسىيە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى ئىش ئورۇنلىرى شىركەتكە كىرگەن بارلىق خادىملارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ، كارخانىلارنىڭ بىخەتەر، مۇقىم ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بۇ شىركەتكە قاراشلىق شىنجاڭ خوتەن گوجچۇ يېمەكلىك پاي چەكلىك شىركىتى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ بار كۈچى بىلەن تىرىشىپ ساپ سۇ ئىشلەپچىقاردى، كۈنىگە 500 تۇڭدىن ئارتۇق ساپ سۇ ئىشلەپچىقىرىپ، شۇ جايدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، شىنجاڭ بەيچېڭ يېڭى يېمەكلىك گۇرۇھىنىڭ مەركىزىي ئاشخانىسىدا بۆك كىيىپ، ماسكا تاقىغان ھەم بىر قېتىم ئىشلىتىلىدىغان پەلەي كىيگەن ئىشچىلار ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. بۇ كارخانا مەخسۇس ئورگان، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنى تاماق بىلەن تەمىنلەيدۇ. گۇرۇھنىڭ مەسئۇلى جاڭ شياۋۋېي مۇنداق دېدى: «بىز ھەر كۈنى سېخ، ئۇسكۈنىلەرنى ئاز دېگەندە ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق دېزىنفېكسىيە قىلىمىز ھەم مەركىزىي ئاشخانىدا ئىسسىق زەنجىرلىك قاچىلىق تاماق ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇپ، ئايرىم ئوراش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بىرتۇتاش قاچىلاپ تەمىنلىدۇق».

توقسۇ ناھىيەسىدىكى ئەيجىمۇ ئاچچىقسۇ پىششىقلاش زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قاچىلاش سېخلىرى بىرلىكتە ماسلىشىپ ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئىشلەپچىقاردى، خالتا ـ خالتا ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىن تېز سۈرئەتتە «چىقىرىلدى». بۇ زاۋۇتنىڭ زاۋۇت باشلىقى سەمەت ئابلا مۇنداق دېدى:

«يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە ماددىي ئەشيا تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىز ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى كۆپەيتىپ، بار كۈچىمىز بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپچىقاردۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ماددىي ئەشيالارنى يۆتكەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كەڭ ئاممىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇردۇق».

## قاتتىق باشقۇرۇش، ئىشنى غەلبىلىك باشلاش

قابا ناھىيەسىگە جايلاشقان شىنجاڭ ئاشلىق مەسچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، تېزدىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇقاتلام چېكىتىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مۇداپىئەلىنىشنى كۈچەيتتى ھەم ھەرىكەتچان دوكلات قىلىش مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، بۇ شىركەتنىڭ رۇدا تاللاش زاۋۇتى سىلىقلاش ـ لەيلىتىش 1 ـ سېخىدا بىرىنچى سەپتىكى خىزمەتچىلەر ماسكا تاقاپ ماشىنىدا پىششىق مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى. شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى فېڭ گوفۇ مۇنداق دېدى: شىركەت دەرۋازىدىن كىرىش ئىجازىتى ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، تولۇق يېپىق باشقۇرۇشنى يولغا قويدى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش كاپالىتى ئاپتوموبىللىرىدىن باشقا، ئادەم، ئاپتوموبىللارنىڭ خالىغانچە كىرىپ ـ چىقىشىنى چەكلىدى. بىر قولدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى تۇتۇش، بىر قولدا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش جەريانىدا، بۇ شىركەت بۇ يىل 1 ـ ئايدا 4232 توننا مىس، 927 توننا سىنك ئىشلەپچىقىرىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يىللىق پىلاننىڭ %9.8ى ۋە %8.57ىنى ئورۇنداپ، تۈنجى ئايلىق ئىشلەپچىقىرىشتىلا ئىشنى غەلبىلىك باشلىدى.

2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئاقسۇ خۇاجىن خىمىيەۋى ئوغۇت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئورىيا سېخىنىڭ مەشغۇلاتچىسى بەي ۋېن ماسكا تاقاپ سېختا ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. كارخانا تولۇق يېپىق شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىشنى قوللىنىپلا قالماي، يەنە ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرىنىڭ باش كونترول ئۆيى، مەشغۇلات ئۆيى، ئاشخانا، ياتاق بىناسى قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلارنى ھەر كۈنى قەرەللىك دېزىنفېكسىيە قىلدى، ھاۋا ئالماشتۇردى. بۇ شىركەتنىڭ باش ئىنژېنېرى فېڭ ۋېي مۇنداق دېدى: ھازىر كارخانىمىز بىر كۈندە 1800 توننا ئورىيا ئىشلەپچىقىرالايدۇ، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار تاشيول ۋە تۆمۈريول ئارقىلىق پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ شىركەت يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىخەتەر، مۇقىم يۈرۈشۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا پۇختا ئاساس سالدى.

**(پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاڭ جىلى، گې يوۋجۈن، جاڭ تىڭ، شى شىن، ما يىنىڭ، جاۋ يۈ، يۈ شى، ئىختىيارىي مۇخبىرلار گۇڭ شىجيې، دىڭ لېجۈەن، سۇڭ خۇامىن، ۋاڭ فۇچۈەن، تاڭ جېڭ، ۋاڭ لۇڭجياڭ، ۋېي زىيۈن يازغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئارقىلىق قاتناش ـ ترانسپورت تارماقلىرىنى توشۇش ـ يەتكۈزۈش لايىھەسى تۈزۈشكە ماسلاشتۇرۇشى، شارائىتى بارلىرى مەركەزلىك توشۇپ مەنزىلگە بىۋاستە يەتكۈزۈشنى تەشكىللىسە بولىدۇ؛ شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان كارخانا ۋە ئادەم كۈچى بايلىقى مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىغا بىر قېتىملىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلىش ياردەم تولۇقلىمىسى، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمەت ياردەم پۇلى بەرسە بولىدۇ.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، يۇقۇم ئېغىر بولغان نۇقتىلىق رايونلاردىكى ئەمگەكچىلەر ۋە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار ئالاھىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى ۋە سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئوخشاش شارائىتتا، ئاپتونوم رايونىمىز يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ۋاقىتلىق ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلگەن ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ھەم جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملاردىن شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلارغا مۇقىم ئىش ئورنى ياردەم تولۇقلىمىسى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم تولۇقلىمىسى، كەسپىي تەربىيەلەش ياردەم تولۇقلىمىسى، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى، ئىشسىزلىق ياردەم پۇلى، ئىگىلىك تىكلەش بىر قېتىملىق ياردەم تولۇقلىمىسى قاتارلىق يۆلەش سىياسەتلىرى ئالدى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز تۈرلۈك ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. تۈرلۈك ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار يۇقۇم ئېغىر رايونلاردىن كەلگەننى باھانە قىلىپ، ئالاقىدار خادىملارنى ئىشلىتىشنى رەت قىلسا، ئەمگەك توختامىنى بىكار قىلسا ياكى ئەۋەتىلگەن ئەمگەك كۈچلىرىنى قايتۇرۇۋەتسە بولمايدۇ. يۇقۇم مەزگىلىدە، ئىشسىز قالغان خادىملارنىڭ ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلىنى ئېلىش ۋاقتى 90 كۈن ئىچىدە ئېلىنماس قىلىش چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن، يۇقۇم مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار توردا ئىش بېجىرىشنى توختاتماسلىق، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى توختاتماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن كىشىلەر قاتارلىق نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەر خىل توردا ئېلان قىلىش يوللىرى ۋە كەسىپ بېجىرىش يوللىرىنى ئېچىپ، توردا ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن دائىملىق تەمىنلەپ، كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش ئېھتىياجى ۋە تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش ياردەم تولۇقلىمىسى سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار كۆپ تارماق بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ مۇداپىئە كۆرۈش، ئەمگەك قىلىش، تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنى دېزىنفېكسىيەلەش قاتارلىق ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ بىرلىشىپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش قەدىمى پۇختا ئېلىنىپ، خەلقئارادىكى تەسىرى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر جۇڭگو ـ ئافرىقا مۇناسىۋىتى تارىختىكى ئەڭ ياخشى مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنى جۇڭگو ـ ئافرىقا دوستلۇقىغا يېتەكچىلىك قىلىپ يېڭى دولقۇن قوزغىدى، باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىقىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى. دۇنيادا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى ئالدىدا، تېخىمۇ زىچ بولغان جۇڭگو ـ ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىش جۇڭگو ـ ئافرىقا خەلقلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. جۇڭگو تەرەپ چىن، سەمىمىي سىياسەت ئىدىيەسى ۋە توغرا بولغان ھەققانىيەت ـ مەنپەئەت قارىشىغا داۋاملىق ئەمەل قىلىپ، مۇنبەر بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو بىلەن ئافرىقىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق بەرپا قىلىشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئافرىقىنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باشقا رايونلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىققا ئالاقىدار تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇشى، بولۇپمۇ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك، كەينىگە سۈرۈش، ساقلاپ تۇرۇش ئويىدا بولۇشقا بولمايدۇ. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشمۇ بىر مەيدان ئومۇمىي جەڭ، بىز بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەڭ ئېتىبار بېرىش، ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ھەقىقىي، ياخشى ئىشلەپ، ھەم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك، ياخشى تۇتۇپ، تىرىشىپ بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، بوران ـ چاپقۇنغا قارىماي ئالغا ئىلگىرىلەيلى. جۇڭگو خەلقى چوقۇم قىلالايدۇ! جۇڭگو چوقۇم قىلالايدۇ!

**(2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈندىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

فېڭ تاۋنىڭ يېنىدا ئېگىزلىكى ئون نەچچە مېتىر كېلىدىغان ئىككى پىرولىزلاپ كۆيدۈرۈش ئوچىقى بار ئىدى. بۇ كۆيدۈرۈش ئوچاقلىرىدىكى ئوت يالقۇنىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 1000 سېلسىيە گرادۇستىن يۇقىرى بولۇپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا مۇناسىۋەتلىك داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك داۋالاش تاشلاندۇقلىرى كۆيدۈرۈلۈۋاتاتتى.

يەتتە باسقۇچلۇق بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى ئارقىلىق، داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قويۇپ بېرىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان گازغا ئايلىنىدۇ، ئاخىرىدا پەقەت %0.07 قىسمىلا داشقال بولۇپ قالىدۇ، داشقال چىلاپ زەھەرسىزلەندۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن كۆمۈۋېتىلىدۇ.

«خىزمەت ۋاقتىدا ئىمكانقەدەر تاماق يېمەيمىز، سۇ ئىچمەيمىز، ھاجەتخانىغا چىقمايمىز.» فېڭ تاۋ مۇنداق دېدى: ئەگەر تاماق يېسەك ياكى ھاجەتخانىغا چىقماقچى بولساق، يېڭى مۇداپىئە كىيىمنى ئالماشتۇرغاندىن سىرت، يەنە نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ دېزىنفېكسىيە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، مۇداپىئە كىيىمىنىڭ سانى چەكلىك، قانچىلىك تېجىيەلىسەك شۇنچىلىك تېجىشىمىز كېرەك.

سېخنىڭ كۆلىمى ئانچە چوڭ ئەمەس، ئاستى ـ ئۈستى قوشۇلۇپ ئۈچ قەۋەت. فېڭ تاۋ بۇ يەردە ئۇدا سەككىز سائەت ئىشلىسە، 20 ـ 30 مىڭ قەدەم ماڭىدۇ.

ماسكىدىن چىققان ھور فېڭ تاۋنىڭ كۆز قوغداش ئەينىكىنى ھوردىتىۋەتكەنىدى، ئۇ نۇرغۇن چارە قوللىنىپمۇ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالماپتۇ. سول مەيدىسىگە ئېسىلغان قىسقا مۇساپىلىك سۆزلىشىش ئاپپاراتى پات ـ پات سايراپ تۇراتتى، فېڭ تاۋ مۇداپىئەلىنىش كىيىمى كىيىۋالغاچقا، تېلېفوننىڭ ئۇ تەرىپىدىن كەلگەن بۇيرۇقنى تەستە پەرق ئېتەتتى.

«ئىدارە بىزنىڭ ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملىنىپ قېلىشىمىزدىن، ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. بىز ئۆيدىكىلەرنىڭ يۇقۇملىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۆيگە قايتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدۇق.» چاغاننىڭ 2 ـ كۈنىدىن باشلاپ، فېڭ تاۋ ۋە ئۇنىڭ 31 خىزمەتدىشى كېچە ـ كۈندۈز بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىدە نۆۋەتچىلىك قىلدى. بەش ياشلىق قىزى گو گو تىلغا ئېلىنغاندا، فېڭ تاۋنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، بىراق ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، پەقەت كۆز قوغداش ئەينىكىدىكى ھور تېخىمۇ كۆپەيگەنىدى.

پروتوكول بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان رايون بەشىنچى قەۋەت بولۇپ، ئۇ يەر داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنى ۋاقىتلىق ساقلاش ئامبىرى ئىكەن.

تۇڭغا لىق قاچىلىنىپ پېچەتلەنگەن داۋالاش تاشلاندۇقلىرى داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنى يۆتكەپ توشۇش ئاپتوموبىلىدىن چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، لىفت ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىنىڭ بەشىنچى قەۋەتتىكى ماتېرىيال چۈشۈرۈش زالىدىن ئۇدۇل بەشىنچى قەۋەتتىكى ۋاقىتلىق ئامبارغا يەتكۈزۈلىدىكەن. داۋالاش تاشلاندۇقلىرى قاچىلانغان بۇ سېرىق تۇڭلار ۋاقىتلىق ساقلاش ئامبىرىدىكى ماتېرىيال توشۇش ئىشچىلىرى ۋە ماتېرىيال قاچىلاش ئىشچىلىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا، ئەڭ ئاخىرىدا ئوت يالقۇنى چىقىپ تۇرغان كۆيدۈرۈش ئوچىقىغا تاشلىنىدىكەن.

46 ياشلىق خېينەنلىك لىيۇ يۇنخې ماتېرىيال توشۇش ئىشچىسى، ئۇ گەرچە پۈتۈن مەركەزدىكى ئەڭ ياخشى مۇداپىئە جابدۇقلىرىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بىر قەۋەت مۇداپىئە پەلىيى ئارقىلىق، ھەر خىل داۋالاش تاشلاندۇقلىرى بىلەن يېقىن ئارىلىقتا ئۇچرىشىپ تۇرىدىكەن.

بۇ يەرگە ئىككى ئىشچىدىن سىرت، ھەرقانداق كىشىنىڭ يېقىنلىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. لىيۇ يۇنخې سىرت بىلەن پەقەت قىسقا مۇساپىلىك سۆزلىشىش ئاپپاراتى بىلەنلا ئالاقىلىشەلەيدىكەن، ئالتە ـ يەتتە ئېكران ئېسىپ قويۇلغان بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىنىڭ باش كونترول ئۆيىدە، خىزمەتچى خادىملار نازارەت قىلىش، كونترول قىلىش كامېراسى ئارقىلىق بۇ رايوننىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ تۇرىدىكەن.

ۋاقىتلىق ساقلاش ئامبىرىدىكى ئىشنىڭ ھەممىسى كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش، ھەر قېتىم ئىشتىن چۈشكەندە، لىيۇ يۇنخېنىڭ مۇداپىئەلىنىش كىيىمنىڭ ئىچىدىكى كىيىملىرى تەردىن ھۆل بولۇپ كېتىدىكەن. لىيۇ يۇنخې بۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلمايدىكەن. لېكىن ئۇنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى ئىشتىن چۈشۈشكە ئاز قالغاندا كىچىك تەرەتنى قىستاپ قېلىش ئىكەن. بەزىدە بىر يۈرۈش مۇداپىئە كىيىمنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن، چىداپ ھاجەتخانىغا چىقمىغاندا، بىئارام بولغىنىدىن لىيۇ يۇنخېنىڭ پۇتلىرى تىترەپ كېتىدىكەن.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىنىڭ داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش كۆلىمى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن. بىر تەرەپ قىلىش مەركىزى بىر يىلدا ئەڭ كۆپ بولغاندا 9000 توننا داۋالاش تاشلاندۇقىنى كۆيدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلالايدىغان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى، ۋۇجياچۈ شەھىرى، قۇتۇبى ناھىيەسى، فۇكاڭ شەھىرى قاتارلىق جايلارنىڭ داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل ئىكەن.

2014 ـ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيان، بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىنى شىنجاڭ خۇيخې خەنياڭ مۇھىت قۇرۇلۇشى تېخنىكا چەكلىك شىركىتى ئالاھىدە ئىجازەت بىلەن باشقۇرۇپ كەلگەن. شىركەت مەسئۇلى خې خەيلۇڭ مۇنداق دېدى: ھازىر ھەر كۈنى داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مىقدارى تەخمىنەن 14 توننا بولۇۋاتىدۇ. «ئاپتونوم رايون جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش 1 ـ دەرىجىلىك لايىھەسىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، بىز داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ‹كۈندە ئېلىپ كېلىنگەنلىرىنى شۇ كۈنىلا بىر تەرەپ قىلىپ بولۇش›نى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا مۇناسىۋەتلىك داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنى ئەڭ ئاۋۋال بىر تەرەپ قىلىۋاتىمىز».

ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تارماقلىرىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە نورمال ئىشلەۋاتقان داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنى مەركەزلىك بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەسىدىن جەمئىي 20سى بار بولۇپ، ھەر كۈنى بىر تەرەپ قىلىدىغان داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنىڭ مىقدارى تەخمىنەن 60 توننا كېلىدىكەن. 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن ھازىرغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمەلىي بىر تەرەپ قىلىنغان داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنىڭ مىقدارى جەمئىي 1100 توننىدىن ئېشىپ كەتكەن.

«يۇقۇمنى توسۇپ زەربە بېرىش جېڭى باشلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ساھەسىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ھەممىسى بىرىنچى سەپتىكى خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇردى. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىدا، داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنى ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى قاتتىق تاشلاندۇق ۋە خىمىيەۋى بۇيۇملار باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى ياڭ چۈن.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆيىدە ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان 11 كەنت ئاھالىسىنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى.

«بۇ خىزمەتنى ئۆزۈم يالغۇز ئۈستۈمگە ئالدىم، چۈنكى ئۆيىگە كىرىشنىڭ بەلگىلىك خەتىرى بار.» تيەن شۆسىن ئۈچىسىدىكى مۇداپىئە كىيىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مەن مۇداپىئە تەدبىرنى ياخشى قىلىمەن، تەجرىبەممۇ كۆپ» دېدى.

70 ياشقا يېقىنلاپ قالغان تيەن شۆسىن توغرىسىدا گەپ بولۇنغاندا، جۇڭلياڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ دېرېن قايىل بولغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بىز ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياشلارغا تاپشۇرۇپ بېرىش تەكلىپىنى بەرگەنىدۇق، لېكىن ئۇ كەنتنىڭ ئەھۋالىنى مەن ئەڭ چۈشىنىمەن، دەپ قەتئىي چىڭ تۇرۇۋېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە بېرىشنى تەلەپ قىلدى».

### «مېنىڭ تەجرىبەم بار، بۇنداق چاغدا مەن ئاتالمىسام كىم ئاتلىنىدۇ»

2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۇچتۇرپان ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئاقيار بازىرى تاغارچى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى جو يىڭخۇڭ مۇداپىئە كىيىمنى كىيىپ، ماسكا ۋە كۆز قوغداش ئەينىكى تاقاپ، يەنە بىر كۈنلۈك خىزمەتنى باشلىدى. «ئاكا، بۈگۈن بىئارام بولمىغانسىز؟ بەدەن تېمپېراتۇرىڭىز نورمال ئىكەن، ئىشىڭىز بولمىسا سىرتقا چىقماڭ، بىرەر ئىشىڭىز بولسا بىزگە تېلېفون قىلىڭ.» بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ بولغاندىن كېيىن، جو يىڭخۇڭ داۋاملىق يەنە بىر ئائىلىگە قاراپ ماڭدى.

1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى كەچتە، ئەسلىدە ئۆيىگە قايتىپ چاغان ئۆتكۈزمەكچى بولغان جو يىڭخۇڭ بارلىق خادىملار خىزمەت ئورنىغا چىقىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا، ئالدىراش كەنتكە قاراپ ماڭدى، شۇ تۇرغانچە يېرىم ئايغا يېقىن تۇردى. «كەنت ئاھالىلىرىگە يۇقۇمنى دەل ۋاقتىدا چۈشەندۈرۈپ، مۇداپىئەنى ياخشى قىلىش كېرەك» دېدى جو يىڭخۇڭ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ، جو يىڭخۇڭنىڭ بىرىنچى قېتىم يۇقۇمنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىشى ئەمەس. 2003 ـ يىلى، سارس يۇقۇمى يۈزبەرگەندە، 29 ياشلىق ئۇ ئۇچتۇرپان ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئاددىي خەلق ساقچىسى ئىدى. ئۇ چاغدا، ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە ئۆلچەپ تەكشۈرۈش نۇقتىسىدا نۆۋەتچىلىك قىلىپ، خىزمەت ئورنىدا سارس ئاخىرلاشقۇچە چىڭ تۇرغانىدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، جو يىڭخۇڭ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە كەنتلەرگە بېرىپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، ئاممىنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى، كەنتتىكى ھەربىر يول، ھەربىر ئائىلە قورۇسىدا ئۇنىڭ سىيماسى قالدى. «مەن ساقچى، شۇنداقلا پارتىيە ئەزاسى. سارس يۇقۇمىنى باشتىن كەچۈرگەن، تەجرىبەم بار، بۇنداق چاغدا مەن ئاتالمىسام كىم ئاتلىنىدۇ؟!» دېدى جو يىڭخۇڭ.

### «بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇرۇپ، ياشلارغا ئۈلگە بولىمەن»

«تۈنۈگۈن قىزىم ئىچكىرى رايوندىن قايتىپ كەلگەنىدى، بىز ھەممىمىز ئۆيدە ئايرىلىپ تۇرۇۋاتىمىز، مەن مەسئۇل بولغان توك كاپالىتى ۋەزىپىسىنى قانداق قىلسام بولا؟» «ھېچقىسى يوق، مەن قىلاي!» 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئەمدىلا ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن دۆلەت ئېلېكتىر تورى شايار ناھىيەلىك توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى ئاسراش ـ رېمونت قىلىش، تەكشۈرۈش ـ رېمونت قىلىش بەنىنىڭ بەنجاڭى مەمەت توختى خىزمەتدىشىنىڭ تېلېفونىنى ئېلىپ، ئەمدىلا سېلىۋەتكەن توك ئۆتمەس ئايىغىنى ئالدىراپ كىيىپ، توك كاپالىتى خىزمىتىگە يەنە بىر قېتىم ئاتلاندى.

تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن يۇقۇم ئالدىدا، 21 يىللىق پارتىيە ئىستاژىغا ئىگە مەمەت تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن «تاسادىپىي» يۈزبەرگەن خىزمەت ئىشلىرىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

بۇ ئەھۋال، بۇ مەنزىرە 2003 ـ يىلى سارسقا تاقابىل تۇرغاندا ئۇ جەڭگە ئاتلىنىشنى تەلەپ قىلغان چاغدىكى ئاشۇ كۆرۈنۈشكە ئىنتايىن ئوخشايتتى، ئۇ چاغدا مەمەتمۇ بىرىنچى بولۇپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىشنى تەلەپ قىلىپ، ئىلگىرىكى خىزمەت ئورنى باي ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ يۈرۈشتۈرۈش بىرىنچى سېپىدە مۇداپىئەدە تۇرغانىدى. «ئۇ چاغدا ئېلېكتىر ئىستانسىمىزنىڭ پار قازان سېخىدا گەرچە ئىسسىپنا ئالمىشىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسسىقلىق، توك بىلەن تەمىنلەشتە چاتاق چىقماسلىققا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەمەت چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، ئەڭ جاپالىق كوكس كۆيدۈرۈش خىزمىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىممىسىگە ئالغانىدى» دېدى ئىلگىرىكى خىزمەتدىشى سۇن خۇگېي ئەسلەپ.

«مەن پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇرۇپ، ياشلارغا ئۈلگە بولىمەن» دېدى مەمەت.

**(پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز فېي شۈەن، لىيۇ يىمىڭ، جاڭ دۇڭمېي، ئىختىيارىي مۇخبىرلار چې رەن، چاڭ شۈەي يازغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)